# 159675 ـ جىنسى روھلاندۇرغۇچى دورىلار ۋە ئۇنى ئىستىمال قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

جىنسى روھلاندۇرغۇچى دورىلارنى سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە ئىستىمال قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ بەزىلەر ماڭا ئۇنى ئىشلىتىش ھارام ئەمەس، ئۇ زەھەرلىك دورىلاردىن ئەمەس، زىيانلىق بولمىسا ئىستىمال قىلسا گۇناھ بولمايدۇ دەيدۇ، بىر دوختۇر ماڭا: ئۇنى ئىستىمال قىلسا ھېچ ئىش بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنى بىر قېتىمدا 20 مىللى لىتىردىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك شەرتى بىلەن ئىستىمال قىلسا ئۇنىڭ جىسمىغا زىيىنى يوق دەيدۇ، بۇنىڭ شەرىئەتتىكى ھۆكمى نېمە ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

جىنسى روھلاندۇرغۇچى دورىلارنىڭ زىيانلىرىنى بايان قىلدۇق. دوختۇرلار جىنسى ئاجىزلىق ھالەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى داۋالاپ، بىر قانچىلىغان پايدىلىق يول ۋە ۋاستىلارنى بايقىدى، ئۇلار:

ـ"فىياجىرا" ۋە "سىيالىس" دېگەندەك تابلېت شەكلىدىكى ئېغىز ئارقىلىق ئىستىمال قىلىنىدىغان روھلاندۇرغۇچى دورىلار بىلەن داۋالاش.

ـتومۇرلارنى كېڭەيتىدىغان ئوكۇللار بىلەن داۋالاش.

ـسۈيدۈك يولىغا كىچىك دورىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق داۋالاش

ـيۇقىرىدا بايان قىلغان ئۇسۇللار بىلەن داۋالاش مۇمكىن بولمىغاندا، ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق ياردەمچى ئۈسكىنىلەر ئارقىلىق داۋالاش.

بۇ داۋالاش يوللىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى ۋە قوشۇمچە تەسىرلىرى بار، بولۇپمۇ ئېغىز ئارقىلىق ئىستىمال قىلىنىدىغان روھلاندۇرۇش دورىسى ۋە شۇنىڭدەك ياردەمچى ئۈسكۈنىلەر بىلەن داۋالاشنىڭ پايدىسىز تەرىپى كۆپ بولىدۇ.

ئېغىزدىن ئىستىمال قىلىنىدىغان تابلېت شەكلىدىكى روھلاندۇرغۇچى دورىلارنىڭ ھەممىسى: باش ئاغرىقى، بۇرنىغا قان چۈشۈش، ھەزىم قىلىشى ناچارلىشىپ ئاشقازان ئاغرىش، يورۇقلۇققا سېزىمچانلىقى ئېشىپ كېتىش، ئۇچىسىنىڭ ئاستى ۋە پەيلىرىدە ئاغرىق پەيدا بولۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە سەۋەپ بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يۇرەك تومۇرلىرى توسۇلۇپ قېلىش كېسىلى بولۇپ قالغان كىشىلەر بۇ دورىنى دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسىسىز ئىستېمال قىلغاندا ئۇلارغا يېتىدىغان زىيانلار زور بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى "نايترايت" تابلېتنى ئىستېمال قىلىدۇ، بۇ تابلېتنى "فىياجىرا" تابلېتى بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلغاندا رېئاكسىيە قىلىدۇ، "فىياجىرا" تابلېتى "نايترايت" تابلېتنىڭ كېسەلنىڭ جىسمىدا پارچىلىنىشىنى چەكلەپ قويىدۇ، بۇ قان بېسىمنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ، بەزىدە هاياتىدىن ئايرىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئىككىنچى:

جىنسىي روھلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىشنىڭ هۆكمى:

جىنسىي روھلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئىككى تۈرلۈك هالىتى بولىدۇ:

بىرىنچى هالەت: ياشىنىپ قالغانلىق ياكى كېسەللىككە دورا قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىشلىتىشكە هاجەت بولۇپ قالىدىغان بولۇپ، بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنى ئىستېمال قىلىش شەرئەتتە توغرا بولغان ئىش هېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئىسلام مۇسۇلمانلارنى دورا قىلىشقا ۋە داۋالىنىشنىڭ سەۋەبلىرىنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: داۋالىنىڭلار! ئاللاھ تائالا ئۆلۈم بىلەن قېرىلىقتىن باشقا هەرقانداق كېسەلنىڭ دورىسىنى چۈشۈردى دېگەن. [تىرمىزى سەهىھ دەپ رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

بەزى ۋاقىتتا بۇ دورىلارنى ئىستېمال قىلىش شەرئى دەلىللەر تەۋسىيە قىلغان پەرزەنتكە ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈن شەرئى تەرەپتىن ياخشى دەپ قارىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَالآنَ بَاشِرُوهُنَّوَابْتَغُوا مَاكَتَبَ اللَّهُلَكُمْ﴾ تەرجىمىسى: ئەمدى ئۇلارغا (يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى (يەنى پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار. [سۈرە بەقەرە 187-ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: تۇغۇمچان ئاياللار بىلەن توي قىلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن باشقا ئۇممەتلەرگە پەخىر قىلىمەن. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، نەسائى سەهىھ دېگەن].

لېكىن مۇشۇ ساهەدىكى مۇتەخەسسىس ۋەبىلىم ئىگىلىرى بايان قىلغان قائىدە-پىرىنسىپلارغا رىئايە قىلىش كېرەك، ئاشۇ قائىدە-پىرىنسىپلارنىڭ جۈملىسىدىن:

1- جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلى بولۇپ قالغان كىشى جىنسىي روھلاندۇرغۇچى دورىلارنى خاس ۋە ئىشەنچلىك دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسىدىن كېيىن ئىستېمال قىلىشى كېرەك.

ب- پۈتۈنلەي روھلاندۇرغۇچى دورىلارغىلا تايىنىۋالماسلىقى كېرەك، ئۇنداق بولغاندا جىسىم ئۇ دورىلارسىز ئۆزىنىڭ

ۋەزىيىسىنى ئادا قىلالمايدۇ.

ج- دورىنى بەلگىلىمىدىن زىيادە ئىستىمال قىلماسلىققا رىئايە قىلىش كېرەك، زىيادە ئىستىمال قىلىش بەزى ۋاقىتتا ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان چوڭ زىيانغا ئېلىپ بارىدۇ.

ئىككىنچى ھالەت: ئارتۇقچە راھەتلىنىش ئۈچۈن جىنسى روھلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىستىمال قىلىش مەسىلىسى بولۇپ، بۇ ھالەتتە ھۆكۈم ھاجەتتىن سىرت روھلاندۇرغۇچى دورىنى ئىشلەتكەنلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان ئەھۋالغا قاراپ بولىدۇ، بۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر ساغلام كىشىلەر راھەتنى زىيادە قىلىش ئۈچۈن بۇ دورىنى ئىستىمال قىلغاندا ئېغىر زىيىنى بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى، تىببى تەتقىقاتلار ساغلام كىشىلەرنىڭ جىنسى روھلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىستىمال قىلىشى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەكس تەسىرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ، چۈنكى روھلاندۇرغۇچى دورا جىسىمغا بىر قانچە سائەت داۋاملىشىدىغان جۇشقۇنلۇقنى بېرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي جىسىم بەك ھارغىنلىق ۋە چارچاش بىلەن ئاشۇ جۇشقۇنلۇقنىڭ بەدىلىنى ئۆتەيدۇ، ئومۇمى قائىدە ۋە شەرئى دەلىللەر زىيىنى كۆچلۈك بولغان ياكى زىيانلىق بولغان نەرسىلەرگە رۇخسەت قىلمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

مۇراقى مۇنداق دىگەن:

ھۆكۈم شەرىئەت كۆرسەتمىسى بىلەن بولىدۇ، ئەسلى قائىدىدە زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چەكلىنىدۇ.

بۇ شەيخ سەئەد ئىبنى تۈركى خەسلاننىڭ يىتەكچىلىكىدىكى شەيخ زەينىل ئابىدىن ئىبنى شەيخ ئىبنى ئەزۋىيننىڭ "ئەننەۋازىل فىل ئەشربە" ناملىق ماگىستىرلىق رىسالىسىنىڭ 237-240-بېتىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

"شەرىئەتنىڭ قارىشى قانداق" دىگەن سۆزنىڭ ھۆكمىنى بىلىش ئۈچۈن (72842)- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قاراڭ.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر